# ئىلگىرى ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۆلۈپ قالسا، كىچىك بىر ھۇجرىغا كىرىپ، ئەڭ ناچار كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇش- پۇراق قاتارلىق نەرسىلەردىن ھېچ نەرسە ئىشلەتمەي بىر يىلنى ئۆتكۈزەتتى، ئاندىن بىرەر ھايۋان يەنى ئېشەك ياكى قۇش، قوي قاتارلىق نەرسىلەرگە سۈركۈنەتتى

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مېنىڭ قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالدى، سۈرمە تارتىپ قويساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم (ياق) دېدى. ئاندىن شۈبھىسىزكى، ئىددەت تۆت ئاي ئون كۈندۇر. سىلەر ئايالار جاھىلىيەت زامانىدا بىر يىل توشقاندا ئاندىن ئىددەتتىن چىقىتتىڭلار، دېدى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئىلگىرى ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۆلۈپ قالسا، كىچىك بىر ھۇجرىغا كىرىپ، ئەڭ ناچار كىيىملىرىنى كىيىپ، خۇش- پۇراق قاتارلىق نەرسىلەردىن ھېچ نەرسە ئىشلەتمەي بىر يىلنى ئۆتكۈزەتتى، ئاندىن بىرەر ھايۋان يەنى ئېشەك ياكى قۇش، قوي قاتارلىق نەرسىلەرگە سۈركۈنەتتى. بۇ ئارقىلىق بەدەندىكى جاراسىم ۋە سېسىق پۇراقلار مەلۇم دەرىجىدە كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال تۇرغان جايىدىن چىقاتتى ۋە ئۇنىڭغا بىر تېزەك كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئاتاتتى. ئاندىن ئۆزى خالىغان خۇش- پۇراق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئىسلام دىنى كېلىپ كىشىلەردىن خۇسۇسەن ئايالاردىن جاھىلىيەتنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىۋەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرلەر ئايال كىشىگە ناچار مۇئامىلە قىلىپ زۇلۇم قىلاتتى، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ھەق- ھوقۇقىنى قوغدىدى. بۇ ھەدىستە بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ يولدىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ قىزنىڭ ئىددەت تۇتۇۋاتقانلىقى، ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنىڭ زىبۇ- زىننەتتىن يىراق تۇرۇش كېرەكلىكى، لېكىن قىزىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ سۈرمە ئىشلىتىشىگە رۇخسەت بارمىدۇ؟ دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، دېدى ۋە تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرارلاپ ئېيتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان مۇددەتنى ئاز قالدۇرۇپ، تۆت ئاي ئون كۈن قىلدى. بۇ قىسقا مۇددەتكىمۇ سەبىر قىلالمامدۇ ئەمدى؟. جاھىلىيەتتە سىلەرنىڭ ئىددەت تۇتقانلىرىڭلار ياۋا ھايۋانىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدىغان كىچىك بىر ھۇجرىغا كىرىۋېلىپ، زىبۇ - زىننەت، خۇشپۇراق، سۇ ئىشلىتىش ۋە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىنمۇ يىراق تۇراتتى، بىر يىل كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشايتتى ۋە ئۇ ئايالغا مەينەتچىلىكلەر ئۈستى-ئۈستىگە چاپلىشىپ كېتەتتى. ئېرى ئۆلگەن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇش مۇددىتى تۈگىسە، ئۇنىڭغا ھايۋاننىڭ تېزىكى كەلتۈرۈلەتتى، ئۇ ئايال ئۇنى ئاتاتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت؛ ئۇ ئايال بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىيىنچىلىق ۋە سىقىلىشلار، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئالدىدا ھېچنېمىگە تەڭ كەلمەيدۇ، دېگەنلىكىگە ئىشارەت ئېدى. ئىسلام دىنى كېلىپ ئۇ ئايالارنىڭ ئاشۇ قىيىنچىلىقىنىڭ ئورنىغا نېمەت، تارچىلىقىنىڭ ئورنىغا باياشاتچىلىقنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆزىگە سۈرمە تارتىشتىن چەكلىنەلمىسە، ئىددەت تۇتقۇچى ئايالارنىڭ زىبۇ - زىننەت ئىشلىتىشىگە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئايالغا رۇخسەت يوق، دېدى